مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

# ئۇلار نېمە دەيدۇ



ئابدۇۋەلى ئايۇپ

| | |
|---|---|
| تەھرىر: | مېھرىگۇل مۇسا |
| كوررېكتور: | ئابدۇرېھىمجان |
| | باتۇر قاراخانلى |
| رەسسام: | شاھنازە ھاكىمخوجايېۋا |
| رەسىم لايىھىلىگۈچى: | ۋارىس |
| بەتچىك: | باتۇر قاراخانلى |
| مەسلىھەتچى: | شادىيە ھاشىم |

ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى نەشر قىلىپ تارقاتتى


# ئۇلار نېمە دەيدۇ

# What do they say

by Abduweli Ayup


ISBN:978-82-94017-03-4

2025-يىلى مارت بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


چۆچەكچى ........ 2
مەن نورۇز ........ 4
چۆچەك ئېيتسام قارايدۇ ........ 7
قايسى ئۆيدە مەشرەپ بار؟ ........ 11
كۆن قىزاردى ........ 14
مەرھابا تاڭ ........ 17
نورۇز كەلدى، نۇر كەلدى ........ 19
قۇيۇننىڭ قەرزى ........ 21
ئەي يۇقىقاق ۋابا ........ 27
ئانامنىڭ تىلى ........ 30
مومامنىڭ قولى ........ 32
بوۋام بار ........ 34
گۈلدەك ئاچام ........ 36
ئاكام باتۇر ........ 38
تارىمنىڭ سۈيى تاتلىق ........ 41
سازلار سايرايدۇ ........ 42
ئۆيغۇر دەپ بىر ئەل بولغان ........ 46
مەڭگۈ تاشلار ........ 47
تۇر ........ 49
سىنتاش ........ 50

يارغول ..... 52
پايتەخت ..... 54
مىڭ ئۆيمىز بار ..... 56
سەن قانداق ئۇيغۇر ..... 59
بىر چوپان بالا ..... 60
تورغاي ..... 62
تۇمۇچۇق ..... 63
تۇرنا ..... 64
ئوتتۇز ئۆردەك، توققۇز غاز ..... 65
قارلىغاچ ..... 67
قۇشقاچلار ..... 68
سۈندۈك ساراي سالاي دەپ ..... 69
كەكلىك ئەسلى قىز ئىكەن ..... 73
قاتار-قاتار تۇرنالار ..... 76
قاغا بىلەن چاشقان ..... 78
نامىمىز مېۋە ..... 80
نامىمىز مېۋە ..... 81
مېۋەلەر نىمە دەيدۇ ..... 82
كۆكتات سۆزلەيدۇ ..... 84
ئۈزۈمنىڭ ھېكايەسى ..... 88



چۆچەکچی
نیمە دەیرۆ

# چۆچەكچى



مەن ئۆزۈم بىر چۆچەكچى،
ئويۇنچى بالا،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
كېزىمەن دالا.

مەن ئۆزەم بىر چۆچەكچى،
باقىمەن پادا،
تۈمەن قوشاق، مەسەللەر،
كۆڭلۈمدە يادا.

مەن ئۆزۉم بىر چۆچەكچى،
گەپدان، مۇڭداشقاق،
كەلگىن بىللە ئېيتايلى،
چۆچەك، تېپىشماق.





# مەن نورۇز

ئىسمىم نورۇز، شوخ بالا،
ھېكايەم بار، ئاز تولا،
ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ،
ئاڭلاپ بەرسەڭ، نېمە بولار؟



قىش كېلىپ كۈز قاچقاندا،
سۇلار ئۇخلاپ قاتقاندا،
شۇنداق ئىشلار بولغانكەن،
ئاتماس تاڭلار ئاتقاندا.

ئەتكەن چاينى دەملەڭلار،
قايماق سىلىپ تەملەڭلار،
چۆچەكلەرنى سۆزلەيمەن،
ئاڭلىماسلار كەلمەڭلار.



# چۆچەك ئىپتسام قارايدۇ

چۆچەك ئىپتسام هويلامدا،
يولدىن ئۆتكەن قارايدۇ.
بىر-بىرىگە يەتكۈزەر،
يىراقلارغا تارايدۇ.



چۆچەك ئېيتسام ئاڭلايدۇ،
ئاڭلىغانلار داڭلايدۇ،
دوست-ئاداشلار گەپ سوراپ،
كېتەلمەيدۇ، ماڭمايدۇ.



چۆچەك ئېيتسام هويلامدا،
تەك ئاستىدا باراڭدا،
ئېڭەك يۆلەپ ئاڭلايدۇ،
ئاڭلىمىغان ئارماندا.



مەن سۆزلەيمەن چۆچەكلەر،
چۆچەكتە بار چېچەكلەر،
چېچەكلەردىن تۇغۇلار،
مۇشتەك سويما-خەمەكلەر.



# قايسى ئۆيدە مەشرەپ بار؟

ئۇششاق باللار سورايدۇ،
قايسى ئۆيدە مەشرەپ بار؟
قېنىپ ئويناپ كۈلۈشكە،
قانداق بانا-سەۋەب بار؟

ئۇششاق باللار سورايدۇ،
كىم باشلايدۇ مەشرەپنى؟
كىملەر نومۇر كۆرسىتەر،
كىم قويىدۇ تەلەپنى؟





ييگيت بېشى كيم بولار،
كيمدۇر مەشرەپ قازسى،
دۆڭكۆۋرۉكته بوپ قالسا،
ييراق ئېدى ئارسى.

باغ، سارايلار ئاريلاپ،
دەرۋازالار ماريلاپ،
مەشرەپ سورار باليلار،
كوچا كويني چاريلاپ.


تەبئەت نیمە
دەیدۆ



## كۈن قىزاردى

كېچە كەتمەي،
تۈن ئۈيغانماي،
يۇلتۇز ياندى،
ئارام ئالماي.



يۇلتۇز چاقناپ،
هالىدىن كەتتى،
تاڭ يېقىنلاپ،
تۈننى تەپتى.

تۈندە ئايمۇ،
يورۇپ تالدى،
بۇلۇت ئىچرە،
ئارام ئالدى.



سۆبھی نۇری،
تۆننی یاردی،
تاڭ سۆزۆلۆپ،
کۆن قىزاردی.

یێڭی کۆنگە،
کۆلدی ئاسمان،
تۆن یوقالدی،
بەك پەرشان.



# مەرھابا تاڭ

خوش قال كېچە،
خوش، قارا تۆن.
بىزنى كۆتەر،
نۇرلۇق بىر كۆن.

مەرھابا تاڭ،
شانلىق قۇياش.
قوينۇڭنى ئاچ،
ئېتەي باغاش.



سالام دۇنيا،
قۇشلار، جانلار،
سالامەت بول،
دوست-يارانلار.



# نورۇز كەلدى، نۇر كەلدى

نورۇز كەلدى،
نۇر كەلدى،
جۇت كېتىپ،
ھۇزۇر كەلدى.

نورۇز كەلدى،
پات كەلدى،
قىشنى قوغلاپ،
شات كەلدى.

نورۇز كەلدى،
كۆك كەلدى،
چوكان تالدىن،
بۆك كەلدى.

نورۇز كەلدى،
شاش كەلدى،
قازان-قازان
ئاش كەلدى.





# قۇيۇننىڭ قەرزى

قۇيۇن ۋە ئاسمان،
قىمار ئويناپتۇ.
ئۇلار تىكمىگەن،
يۇلتۇز قالماپتۇ.

قۇيۇن ئاسماننى،
ئۇتقاندا ئاسان.
ئاسمان يۈزىنى،
قاپلاپتۇ تۇمان.



بىر كٷنى قۇيۇن،
شىلتىڭ ٴيتىپتۇ.
يەرنى يۇلۇشقا،
جاننى تىكىپتۇ.

قىمار قىز پىتۇ،
ئاسمان ئۇتۇپتۇ.
قۇيۇن ئۇتتۇرۇپ،
روھى سۇنۇپتۇ.

ئاسمان قۇيۇننى
يوللاپتۇ يەرگە.
قۇيۇن يول ئاپتۇ،
چۆمۈلۈپ تەرگە.

ئاسمان قۇيۇننى،
ھودۇقما دەپتۇ.
يەرنى يۇلالماي،
يولۇقما دەپتۇ.



قۇيۇن قۇچاقلاپ،
يەرنى تارتىپتۇ.
دۆمبە، مۆرىگە،
توپا ئارتىپتۇ.

يەر يۇلۇناپتۇ،
قۇيۇن تۇرماپتۇ.
ئاسمانغا توپا،
توشۇپ هارماپتۇ.



قۇيۇن توشاركەن،
توپا توزاركەن.
ئاسمان بۇنگدىن،
بەكمۇ بىزاركەن.

قۇيۇن قەرزكەن،
يەرنى يۇلۇشقا.
ئاسمانغا توپا،
توشۇپ تۇرۇشقا.





يىللار ئۆتۈپتۇ،
ئاسمان كۆتۈپتۇ.
يەر يۇلۇنۇشتىن،
ئۈمىد ئۈزۈپتۇ.

# ئەي يۇققاق ۋابا

ئەي يۇققاق ۋابا،
كەلتۈردۈڭ جاپا.
قامالدۇق ئۆيگە،
بوپ قالدىم خاپا.

سەندىن قورقتۇق،
ئۆلۈمدەك گويا.
باغنى قۇرۇتتۇڭ،
بولۇپ شۇم بۇيا.



يېنىمدىن يوقال،
بولما سەن دوقال.
كەتكىن يىراققا،
كەلمەسكە يول ئال.




ئائىلەم نيمە
دەيدۇ

# ئانامنىڭ تىلى

يۈرەككە يېقىن،
مېھرلىك ئېقىن،
ھەسەلدەك شېرىن،
ئانامنىڭ تىلى.

ئاپتاپتەك ئىللىق.
ئايدەك چىرايلىق،
ئاسماندەك تىنىق،
ئانامنىڭ تىلى.



دىللارغا داۋا،
تەنلەرگە شىپا،
كۆندەك بىباھا،
ئانامنىڭ تىلى.





# مومامنىڭ قولى

تەملىك تېتىملىق،
مومامنىڭ قولى.
ئىشچان، بېقىملىق،
مومامنىڭ قولى.

سىلىق، مېھىرلىك،
مومامنىڭ قولى.
سىرلىق، سېھىرلىك،
مومامنىڭ قولى.



يۇمشاق، يېقىملىق،
مومامنىڭ قولى.
كۆيۈمچان، ئىللىق،
مومامنىڭ قولى.



# بوۋام بار

تاماقتا ئۇستا،
ھەر ئىشتا پۇختا،
چاققان، قولى گۈل،
ئىشچان بوۋام بار.

ئۆزى مۇلايىم،
خۇشچىراي دائىم،
مېھمانغا ئامراق،
گەپدان بوۋام بار.



ئامراق بوۋام بار،
ئىسسىق جۇۋام بار.
ھەممەيلەن تەشنا،
ئىللىق ئۇۋام بار.



# گۈلدەك ئاچام

كەشتە تىكەر،
نەقىش چېكەر،
گۈل ئۆستۈرەر،
گۈلدەك ئاچام.

رەسىم سىزار،
قوشاق قوشار،
خۇشال سايرار،
قۇشتەك ئاچام.



سۇدا ئۈزەر،
بېلىق سۈزەر،
مەشرەپ تۈزەر،
توزدەك ئاچام.

كود يازىدۇ،
ساز چالىدۇ،
ئات چاپىدۇ،
نۇردەك ئاچام.



# ئاكام باتۈر

يۈزى نۇرلۇق،
ئۆزى ئوڭلۇق،
قولى ئەپچىل،
ئاكام باتۇر.

تىلى يۇمشاق،
سۆزى قوشاق،
خۇيى بەلەن،
ئاكام باتۇر.

چېۋەر-چاققان،
ئەقىل تاپقان،
كۆزى قورقماس،
ئاكام باتۇر.




ئیلم نیمە
دەیدۆ

# ساراڭ دوغ

سۇسىز ئېغىز،
تەشنا تىل.
ئۇسسار بەدەن،
چاڭقار دىل.

چاڭقاق چاغدا،
سالقىن سوغ.
يېقىپ كېتەر،
ساراڭ دوغ.

شېرىن شىرنە،
سوغۇق مۇز.
دوغ ئىچسەڭ،
راھەت تومۇز.



# تارىمنىڭ سۈيى تاتلىق

تەڭرىتاغدا بىر قولى،
قۇرۇم تاغدا بىر قولى،
لوپنۇرغا بارار يولى،
تارىمنىڭ سۈيى تاتلىق.

كۆسەن، كۆنچى قوشۇلغان،
مىرەن، خوتەن قۇيۇلغان،
قۇملۇقلاردا يۇيۇلغان،
تارىمنىڭ سۈيى تاتلىق.

ئۆزى كەڭرى قىرغاقلىق،
بويى ئورمان توغراقلىق،
قۇم بورانغا بەرداشلىق،
تارىمنىڭ سۈيى تاتلىق.

# سازلار سايرايدۇ

باغلاردا مەشرەپ،
نەغمە ياڭرايدۇ.
مەشرەپتىن چاقچاق،
كۆلكە تارايدۇ.

شاق-شاق چىققاندا،
قوشۇقنىڭ ئۈنى.
قۇمۇل راۋابى،
چۈشنەر بۇنى.





داپ داراڭلايدۇ،
غېجەككە تەڭكەش.
سۇناي يىغلايدۇ،
يۈرەككە تەگكەچ.

شوخ جاراڭلايدۇ،
قەشقەر راۋابى.
نەيدە قوزغىلار
دىلنىڭ ئازابى.



باغلاردا مەشرەپ،
سازلار سايرايدۇ.
مەشرەپتە مېھمان،
كۆڭۈل يايرايدۇ.


مىڭ ئۆيى
نىمە دەيدۇ



# ئۇيغۇر دەپ بىر ئەل بولغان

كىندىكى بار ئالەمدە،
بۇرۇنى بولغان ئاسمانىنىڭ،
قۇشلار تىلى بولغاندەك،
تىلى بولغان زامانىنىڭ.

شۇ زامانىنىڭ تىلىدا،
يېزىلغان كۆپ ھېكايەت،
ئۇيغۇر دەپ بىر ئەل بولغان،
قالغان نۇرغۇن رىۋايەت.

# مەڭگۈ تاشلار

بوۋام ماڭا ئۇيغۇرنى،
مەڭگۈ تاشلىق ئەل دەيدۇ.
ئەسىر بولغان ئۇيغۇرغا،
باش ئەگكەن ئەجەل دەيدۇ.

سوراپ كەتتىم قىزىقىپ،
مەڭگۈ تاشلار قانداق تاش،
خەت ئويامدۇ تاشلارغا،
تۇرسا قەغەز، قىرىنداش.



تاشلار مەڭگۈ بولامدۇ،
تاشلانمامدۇ تاش تۇرسا،
يوقالمامدۇ ئۇۋۇلۇپ،
قىزىتار قۇياش تۇرسا.

بوۋام ئېيتتى مەڭگۈ تاش،
ئەجدادلاردىن ۋەسىيەت.
سەن نەۋرەڭگە سۆزلەيسەن،
ئۇنۇتمايمىز تا ئەبەد.





# تۈر

يولچى بوۋامدىن،
قالغان بىر نىشان.
خەۋەر بەرمەككە،
يېقىلغان گۈلخان.

گۈلخاننى كۆرۈپ،
ئۈرۈمچى، تۇرپان،
كورلا، بۈگۈرگە،
ئاتلار چاپقۇزغان.

قۇمۇلدىن قەشقەر،
خەۋەر ساقلىغان،
كۇچا گۈلخاندا،
ئۇچۇر يوللىغان.

# سىنتاش

ئۇلار ئەجدادىم،
تاشقا ئايلانغان.
ئاپتاپتا كۆيۈپ،
كۈندە تاۋلانغان.

قولىدا قىلىچ،
بىر قولىدا جام.
ھوشى جايىدا،
بولمايدۇ قارام.





ئۇيقۇسى كەلمەس،
پۈكمەس قەددىنى.
بىلدۈرەر ياۋغا،
كەلسە ھەددىنى.

# يارغول

يارغول دېگەن،
يار ئالغان شەھەر.
يار ئۈستىگە،
ياسالغان ئەسەر.

يارغول دېگەن،
قەدىمكى قەلئە.
قەلئە ئېيتىدۇ،
تۆگىمەس ۋەقە.



يارغول دێگەن،
قشلىق پايتەخت.
ياز كەلگەندە،
كۆچەركەن تەخت.

يارغول دێگەن،
كونا ئۆيمز.
ئۇندا ياڭرايدۇ،
مۇقام كۈيمز.



# پايتەخت

قاراخان تەختى،
قەدىمكى قەشقەر.
سۇتۇق بۇغراغا،
ئوردا بۇ شەھەر.

ئىدىقۇت تۇرغان،
پايتەختتۇر تۇرپان.
باشقا شەھەرلەر،
تاپشۇرغان ئولپان.



سەئىدخان قۇرغان،
پايتەختتۇر ياركەنت.
قەشقەرنىڭ يارى،
ھەمراھى بۇ كەنت.

قەشقەر، غۇلجادا،
بولغان جۇمھۇرىيەت،
ئۇلار تەختىمىز،
پەخىرلىك پايتەخت.



# مىڭ ئۆيىمىز بار



مىڭ ئۆيىمىز بار،
مىڭ خىل رەسىملىك.
چۆچەك سۆزلەيدۇ،
ئەجدادلار تىرىك.

مىڭ ئۆيىمىز بار،
تەكچە ئويۇقلۇق.
قولىيازما كىتاب،
رەتلىك قويۇقلۇق.



مىڭ ئۆيىمىز بار،
ياتلار يېرىدە.
سىپتا قويۇلغان،
مۇزېي ئىچىدە.

مىڭ ئۆيىمىز بار،
بۇزغان، سىزىلغان.
ئاڭا تارىخىم،
ئۆچمەس يېزىلغان.



قايسى تەلۋە ئۇ،
رەسمنى بۇزغان.
قايسى تەتۈر ئۇ،
يۈزلەرگە سزغان.

ئويۇلغان كۆزلەر،
چاچار سوغۇق نۇر.
ئەجدادڭغا ئۆچ،
سەن قانداق ئۇيغۇر؟



# سەن قانداق ئۇيغۇر

كۆزۈم ئالدىدا،
مىڭ ئۆيدىن پارچە.
سىزىلغان يۈزلەر،
ۋەيران نېمانچە؟

بىلگىلى بولماس،
قاچا رەڭگىنى.
تونۇش ئىمكانسىز،
ئوچاق تەڭنىنى.

# بىر چوپان بالا



بىر چوپان بالا،
مىڭ ئۆيگە كىرىپ،
چىقالماي قاپتۇ،
مەست بوپ، ئېزىقىپ.

مىڭ ئۆيدە رەسىم،
چۈشسە ئۇسسۇلغا،
چوپان دەسسەپتۇ،
يانغا، ئوڭ-سولغا.


قۇشلار نېمە دەيدۇ

# تورغاي

باغدا، چۆنەكتە،
سەكرەيدۇ تورغاي.
ئوزۇق ئىزدەيدۇ،
مۈشۈكتىن قورقماي.

قىردا، ئېتىزدا،
تاقلايدۇ تورغاي.
ھەر يانغا ئۇچار،
بىر دان تاپالماي.





# تۇمۇچۇق

بۇغداينى چوقۇپ،
يانتاقتا قونۇپ.
ئۇچار تۇمۇچۇق،
قىلتاقتىن قورقۇپ.

تۇمۇچۇق كېلەر،
ئېتىزلار ئېشىپ،
ئوزۇق توشۇيدۇ،
كەچكىچە ھېرىپ.

ئېتىزدا باسماق،
ئالىدۇ جاننى،
ئۇۋادا باچكا،
ساقلايدۇ داننى.

# تۇرنا

تۇرنالار سەپ تۈزگەندە،
بۇلۇت ئارا ئۈزگەندە.
قالار ئۈنسىز ئات، ئېشەك،
ئاغزى بولغاچ يۈگەندە.

كۆرۈپ تۇرنا سېپىنى،
دېيەلمەيدۇ گېپىنى.
بىلەلمەيدۇ ھۆرلۈكنىڭ،
مەخپىيىتى-ئېپىنى.

تۇرنا ياۋدىن يانمايدۇ،
ئۆز سېپىدىن تانمايدۇ.
تەييار يەمگە ئالدانماس،
قولغا كۆنۈپ قالمايدۇ.



# ئوتتۇز ئۆردەك، توققۇز غاز

باغراشقا بېسىپ كەپتۇ،
ئوتتۇز ئۆردەك، توققۇز غاز.
غاقىلداپتۇ، چاڭ ساپتۇ،
ئاڭلانماپتۇ يات ئاۋاز.

باغراش خاپا بولۇپتۇ،
ئىچى دەردكە تولۇپتۇ.
دولقۇن ئۇرۇپ كۈلەلمەي،
يۈزى-چېھرى سولۇپتۇ.





بۇنى كۆرۈپ بوران باي،
ھۇشقۇيتۇپتۇ، توۋلاپتۇ.
كۆرەڭ ئۆردەك غازلارنى،
كۆلدىن يىراق قوغلاپتۇ.

پۇشايمان قىپتۇ كۆرەڭلەر،
كۆلدىن ئۆزرە سوراپتۇ.
بېلىقلارغا دوست تارتىپ،
پاقالارغا ياراپتۇ.

# قارلىغاچ

قارلىغاچ ئۆيدە،
تۇخۇم تۇغاركەن.
يىلان يەيمەن دەپ،
تەييار تۇراركەن.

تۇخۇمدىن چىققان،
چۇكۇلداپ تۇرغان.
باچكاغا يىلان،
شۆلگەي يالاركەن.

يىلان پايلاركەن،
پەيتنى تاللاركەن.
قارلىغاچ سەگەك،
سۈرەن سالاركەن.



# قۇشقاچلار

قۇشقاچلار ئۆم يۈرەركەن،
بىرگە ئويناپ كۈلەركەن.
بەزمە قىلىپ ۋىچىرلاپ،
مەشرەپ پەيزى سۈرەركەن.

قۇشقاچلار ئۆم يۈرەركەن،
بىر -بىرىنى يۆلەركەن.
بىرى ئەگەر دان تاپسا،
تەڭ تەقسىملەپ بۆلەركەن.



# سۈندۈك ساراي سالاي دەپ

سۈندۈك ساراي سالاي دەپ،
ھۇزۇر-راھەت ئالاي دەپ،
تاش، چاۋارلار توشۇپتۇ،
ئۇلنى پۇختا قىلاي دەپ.

تاش پېتىپتۇ پۇتىغا،
تىغ تېگىپتۇ يوتىغا،
ساراي سالماق تەس كەپتۇ،
دەرد تۆكۈپتۇ توخۇغا.



توخۇ ئۇنى كاتەككە،
چاقىرىپتۇ يېمەككە،
كاتەكلەرگە كۆن دەپتۇ،
ساراي كەلمەس كېرەككە.

سۈندۈك كەپتۇ كاتەككە،
توخۇلاردەك كۆنمەككە،
ساراي سېلىپ قىينالماي،
كاتەك پەيزى سۈرمەككە.



سۈندۈك تۇخۇم تۇغالماي،
تەييار يەمنى يۇتالماي،
قىينىلىپتۇ كاتەكتە،
ھەر يان ئەركىن ئۇچالماي.

سۈندۈك بولۇپ پەرىشان،
قىلىپ ھەر كۈن پۇشايمان،
كاتەكتىنمۇ قېچىپتۇ،
بولاي دەپتۇ ئۆزى خان.



ساراي ساپتۇ سۋندۋكجان،
ئۆزى بەگكەن ئۆزى خان،
تێنەپ قالغان قۇشلارغا،
بولۇپ قاپتۇ ساھبخان.





# كەكلىك ئەسلى قىز ئىكەن

كەكلىك ئەسلى قىز ئىكەن،
قەلەم قاشكەن، ئۇز ئىكەن.
پەيلەرى نۇرلۇق، سىلىق،
كۆزلەرى يۈلتۇز ئىكەن.

كەكلىك يۈرسە بىر باغدا،
ئەتراپ گۈللىگەن چاغدا.
بىر ئوۋچى ھۇجۇم قىپتۇ،
كاۋاپ قىلارمىش ياغدا.

كەكلىك هەر يان ئۇچۇپتۇ،
يا ئوقدىن قېچىپتۇ.
چالما يېغىپ، تاش تېگىپ،
پەي، قاناتنى تېشىپتۇ.

كەكلىك باغدىن كېتىپتۇ،
تاغ-دالادا يېتىپتۇ.
ئۆز ئۆيىگە قايتالماي،
جاڭگالنى جاي ئېتىپتۇ.



كەكلىك ئەسلى قىز ئىكەن،
قەلەم قاشكەن، ئۇز ئىكەن.
ئۇۋىسىنى سېغىنىپ،
دائىم چېھرى مۇز ئىكەن.



# قاتار-قاتار تۇرنالار

قاتار-قاتار تۇرنالار،
ئازمايدۇ سەپتىن.
تاشلاشمايدۇ ئۆز-ئارا،
نېمە سەۋەبتىن؟

تۇرناچاقلار تۇخۇمدىن،
چىقىپ دوست بولار.
ئىناق ئويناپ، تەڭ كۈلۈپ،
بىللە خوش بولار.





تۇرناچاقلار ئۇچۇشنى،
ئۆگنەر سەپتە.
ئاداش بولار ئاسماندا،
ئۇچۇپ بەس-بەستە.

ئۆز دوستنى تاشلغان،
سەپنى تاپالماس.
دوستتن كەچكەن تۇرنالار،
تۇرنا ئاتالماس.

# قاغا بىلەن چاشقان

قاغا ئېتىزدىن،
قوناق ئوغرىلاپ.
كۆمۈپتۇ سايغا،
پەيتنى توغرىلاپ.

چاشقان كۆرۈپتۇ،
كۆمۈلگەن يەرنى.
ئوغرىلاپ يەپتۇ،
تۆكمەي ھېچ تەرنى.



يۏرەركەن قاغا،
تاشنى چوقۇلاپ.
هارماسمىش چاشقان،
ئۇزۇقنى توشۇپ.

هەر يىلى قاغا،
قوناق كۆمەركەن.
چاشقانمۇ دائىم،
پايلاپ يۏرەركەن.




ميۋىلەر نيمە دەيدۇ

# نامىمىز مېۋە

شەكلىمىز ھەر خىل،
نامىمىز مېۋە.
شاختا تەييار بىز،
يېسەڭ ئېسىۋە.

بىزنى ھەر كۆرسەڭ،
يېگىن بار دەپتۇر.
سۆلەي بولمىغىن،
ساغلام بول، يەپتۇر.

مېۋە يەپ ساق بول،
دەردتىن ئۇزاق بول.
يۇلغۇندەك ياشا،
ساغلام توغراق بول.

# مېۋەلەر نېمە دەيدۇ

ئۈزۈم نېمە دەيدۇ؟
بىر ساپ ئۈز دەيدۇ.
باراڭنى بۇزماي،
باغنى تۈز دەيدۇ.

ئالما نېمە دەيدۇ؟
قوي ئالما دەيدۇ.
تاش ئاتقان ماڭا،
پۇشايمان يەيدۇ.

ئۆرۈك نېمە دەيدۇ؟
قېقىپ يە دەيدۇ.
ئۇكاڭغا بىر تال،
ئۈزۈپ بەر دەيدۇ.





تاۋۇز نېمە دەيدۇ؟
تاۋىم بوش دەيدۇ.
پىشتىم، يېرىلدىم،
كەتتىم خوش، دەيدۇ.



ئالۇچا نېمە دەيدۇ؟
بولدۇم چا دەيدۇ.
ساڭگىلاپ كەتتىم.
قوي ئاچا دەيدۇ.



مېۋە نېمە دەيدۇ؟
تۆككىن تەر دەيدۇ.
گۆلگە پۆركەنسۇن،
ئانا يەر دەيدۇ.


كۆكتات سۆزلەيدۇ

بىر باغقا كىرسەم،
كۆكتات سۆزلەيدۇ.
قاپاقلار تۈرۈك،
دەردىم بار دەيدۇ.

پىياز نىمە دەيدۇ؟
كەلتۈر ياز دەيدۇ.
قەدرىم ئۆتۈلسۇن،
تىرى ئاز دەيدۇ.



سامساق نېمه دەيدۇ؟
ئۆستۉر باق دەيدۇ.
مەندىن ئايرىلما،
بولغىن ساق دەيدۇ.





پالەك نېمە دەيدۇ؟
تۈگرە ئەت دەيدۇ.
قورۇما مېنى،
سالما دەرد دەيدۇ.

كۆكتات سۆزلەيدۇ،
ھېكايە تولا.
مۇڭداش بوپ تۇرساق،
داستىخان سالار.



# ئۈزۈمنىڭ هېكايەسى

توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز،
ياشار ئىكەن تۇرپاندا.
كارىزلاردىن سۇ باشلاپ،
پەرۋىش قىپ باغ، ئورماندا.

ئۇلار ئىشلەپ هارماسكەن،
يەر ئاغدۇرۇپ تالماسكەن،
ئىشى جىقكەن تاماق ئاز،
هېچ بىر ئارام ئالماسكەن.

قىز-ئوغۇلنى ئىشلەتكەن،
ئاتا-ئانا ئۆگەيكەن.
بىكار يېتىپ باشقۇرار،
هۇرۇن ئىكەن، سۈلەيكەن.



بىر كۈنى تاڭ سۈبھىدە،
توققۇز قىزنىڭ ئىچىدە.
مەككارلارنىڭ پىلانى،
ئايان بوپتۇ كېچىدە.

مەككار ئاتا ھەم ئانا،
بولماق تۈگۈل باشپانا.
چاتماق ئۈچۈن ئۇلارنى،
تاپقان ئىمىش بىر بانا.

بېشىمىزدا قەرز بار،
ياتلىق قىلماق پەرز بار.
لايىق تاپماي ئۇلارنى،
چېتىپ قويساق نېم بولار.



قىزلار ئاڭلاپ غەزەپتە،
نالە قىپ ھەر نەپەستە.
چارە قىلماق بولۇپتۇ،
سىقىلماستىن قەپەستە.

قىزلار كېڭەش قىلىپتۇ،
بىر پىكىرگە كېلىپتۇ.
يىراقلارغا قاچماققا،
خۇرجۇنغا نان سېلىپتۇ.

سەھەر بوپ تاڭ ئاتقاندا،
ئۆگەي ئۇخلاپ ياتقاندا.
قىز-ئوغۇللار يول ئاپتۇ،
قۇياش كۈلۈپ باققاندا.

ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ،
تاغلار ئېشىپ مول يۈرۈپ.
كۈن چۈش بولغان ۋاقىتتا،
ئۇخلاپ قاپتۇ تۈگۈلۈپ.



قوغلاپ كەپتۇ مەككارلار،
مىنىپ ئۇچقۇر تۇلپارلار.
تۇتۇلۇپتۇ توققۇز جۉپ،
قاپلاپتۇ ىيغا-زارلار.

قىز-ئوغۇلنى باغلاپتۇ،
ئىشلەتمەككە يوللاپتۇ.
بىر جىگدەلىك ئىچىگە،
جىگدە يىغ دەپ قوغلاپتۇ.

قىز-ئوغۇللار جىگدەگە،
يامىشىپتۇ چىقىپتۇ.
شاخقا ئىسىپ ئۆتۉكنى،
تۇيدۇرماستىن قىچىپتۇ.

كەتكەنىمىش شۇ قاچقانچە،
شامال بولۇپ ئۇچقانچە.
مەككارلار ئۆتۉك ساناپ،
قالغانىمىش بىر ياتقانچە.



قىز-ئوغۇللار قۇم كېچىپ،
دەريا ئاتلاپ، تاغ تېشىپ.
بىر قىياغا كەلگەنمىش،
قورساق ئېچىپ، جان قېچىپ.

بىر قۇش قونۇپ قىياغا،
دەپتۇ قىزغا، ئوغۇلغا.
بىر مېۋە بار شەربەتلىك،
شىپا جانغا، تومۇرغا.

رايى بارلار يۈرۈڭلار،
باراڭلارنى كۆرۈڭلار.
مادار كىرسۇن، جان كىرسۇن،
ئۈزۈم تېتىپ تىلىڭلار.



قىز-ئوغۇللار تېگىرقاپ،
تەككە قاراپ يېتىرقاپ.
بىر ساپ ئۈزۈپ يەپ قاپتۇ،
كەتكەن بولغاچ ئېچىرقاپ.

شۇنداق تېتىپ شەربىتى،
تەنگە تاراپ لەززىتى.
ئۇنتۇلۇپتۇ ئۆگەينىڭ،
سالغان دەردى ھەسرىتى.

قىز-ئوغۇللار يەڭ تۈرۈپ،
يانتاق يۇلۇپ، چىغ سۆكۈپ.
تەك تىكىپتۇ ھەر يەرگە،
باغ ياساپتۇ تەر تۆكۈپ.

شۇندىن كېيىن تۇرپاندا،
چۆلدە، كۆلدە، ھەر ياندا.
ئۈزۈم تاللار كۆكلەپتۇ،
قۇملۇقتا، باياۋاندا.

